شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئۆگىنىش تېزىسى②

# بىرىنچى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە كىردى

## —— دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ يېڭى تارىخىي ئورنى توغرىسىدا

### 1. يېڭى دەۋر دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ يېڭى تارىخىي ئورنىنى كۆرسىتىپ بەردى

(7) سوتسىيالىزم ئەزەلدىن جاسارەت بىلەن يول ئېچىپ ئىلگىرىلىگەن، ئۇ مۇقەررەر ھالدا ۋەزىيەت ۋە شارائىتنىڭ ئۆزگىرىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «ئۇزاق مۇددەت تىرىشىش ئارقىلىق، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە كىردى، بۇ دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ يېڭى تارىخىي ئورنى.» بۇ مۇھىم، زور سىياسىي ھۆكۈم پارتىيەنىڭ تارىخىي بۇرچى، نەزەرىيە مىزانى، نىشان ـ ۋەزىپىسىگە يېڭىدىن دەۋر ماھىيەتلىك مەزمۇن قوشۇپ، بىزنىڭ ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچى، يېڭى ئالاھىدىلىكىنى چوڭقۇر ئىگىلىشىمىزنى، پارتىيەنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىلمىي تۈزۈشىمىزنى دەۋر كوردىناتى ۋە ئاساسىي پاكىتلار بىلەن تەمىنلىدى.

دەۋرنىڭ تەرەققىياتى مىقدار ئۆزگىرىشىدىن سۈپەت ئۆزگىرىشىگە ئۆتىدىغان بىر جەريان، مىقدار ئۆزگىرىشى جەريانىغا سۈپەت ئۆزگىرىشى يوشۇرۇنغان بولىدۇ ۋە بۇ جەرياندا سۈپەت ئۆزگىرىشى بارلىققا كېلىدۇ، سۈپەت ئۆزگىرىشى مىقدار ئۆزگىرىشىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە يېڭى مىقدار ئۆزگىرىشى باشلىنىدۇ. پارتىيەنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئېلىپ بارغان كۈرەش جەريانىنى ئەسلەيدىغان بولساق، مەيلى ئىنقىلاب بولسۇن، مەيلى قۇرۇلۇش بولسۇن، مەيلى ئىسلاھات بولسۇن ھەممىسى مىقدارنىڭ توپلىنىشىدىن سۈپەتكە قاراپ ھالقىشىدەك ئوخشىمىغان تەرەققىيات باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرگەن. جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشتا، جەزمەن دەۋر ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلەپ، دەۋر تېمىسىغا ئۇدۇل يۈزلىنىپ، دەۋر خاراكتېرىنى نامايان قىلىش، قانۇنىيەت خاراكتېرىنى ئىگىلەش، ئىجادىيلىقنى بېيىتىش جەريانىدا جۇشقۇن ھاياتىي كۈچىنى ئۈزلۈكسىز نامايان قىلىش كېرەك.

(8) جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى دەۋرگە كىرگەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك، بۇ پارتىيەمىزنىڭ دۇنيا ئەھۋالى، دۆلەت ئەھۋالى، پارتىيە ئەھۋالىنىڭ چوڭقۇر ئۆزگىرىشىنى ئىلمىي ئىگىلەش ئاساسىدا چىقىرىلغان پۈتۈن ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك بىر مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك ئويلىنىش بولۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ دەۋر بىلەن ئورتاق ئىلگىرىلەيدىغان ئىلغارلىق خىسلىتىنى نامايان قىلىپ بەردى، تارىخنىڭ قانۇنىيىتى ۋە تارىخنىڭ يۈزلىنىشىنى ئىگىلەيدىغان يۈكسەك ئاڭلىقلىقى ۋە يۈكسەك ئىشەنچىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى.

تەرەققىيات باسقۇچىدىن قارىغاندا، پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇردى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىردى. پارتىيەنىڭ نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىشى يېڭى ھالقىشنى ئىشقا ئاشۇردى، پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش شەكلى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تەدبىرىدە مۇھىم، زور يېڭىلىق يارىتىلدى، تەرەققىيات ئىدىيەسى ۋە تەرەققىيات شەكلىدە مۇھىم، زور بۇرۇلۇش بولدى، تەرەققىيات مۇھىتى ۋە تەرەققىيات شارائىتىدا مۇھىم، زور ئۆزگىرىش بولدى، تەرەققىيات سەۋىيەسى ۋە تەرەققىيات تەلىپى تېخىمۇ يۇقىرىلىدى. جەمئىيەتتىكى ئاساسلىق زىددىيەتلەردىن قارىغاندا، دۆلىتىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق زىددىيەت خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي مەدەنىيەت ئېھتىياجى بىلەن قالاق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجى ۋە تەرەققىياتنىڭ تەڭپۇڭ بولماسلىقى، يېتەرلىك بولماسلىقى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە ئۆزگەردى. بۇ مۇھىم، زور تارىخىي ئۆزگىرىش تەرەققىيات پۈتۈن ۋەزىيىتىگە كەڭ ھەم چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. كۈرەش نىشانىدىن قارىغاندا، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىدىن 20 ـ قۇرۇلتىيىغىچە بولغان ۋاقىت «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنىڭ تارىخىي گىرەلەشمە مەزگىلى، بىز ھەم ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشىمىز، بىرىنچى يۈز يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز، ھەم ۋەزىيەتكە بېقىپ ئىلگىرىلەپ ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ يېڭى مۇساپىسىنى باشلاپ، ئىككىنچى يۈز يىللىق كۈرەش نىشانىغا قاراپ يۈرۈش قىلىشىمىز كېرەك. خەلقئارا ئورنىدىن قارىغاندا، ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگو چوڭ دۆلەتتىن كۈچلۈك دۆلەتكە ئىلگىرىلەشتەك ئاچقۇچلۇق مەزگىلدە تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇ ئەمدى خەلقئارا تەرتىپنىڭ پاسسىپ قوبۇل قىلغۇچىسى ئەمەس، بەلكى ئاكتىپ قاتناشقۇچىسى، قۇرغۇچىسى، يېتەكلىگۈچىسى بولماقتا. دۇنيانىڭ جۇڭگوغا دىققەت قىلىشى ئەزەلدىن بۈگۈنكىدەك بۇنداق كەڭ، چوڭقۇر، مەركەزلىك بولغان ئەمەس؛ جۇڭگونىڭ دۇنياغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىمۇ ئەزەلدىن بۈگۈنكىدەك بۇنداق ئومۇميۈزلۈك، چوڭقۇر، ئۇزاق مەزگىللىك بولغان ئەمەس. بۇ مۇھىم، زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسىنى يېڭى تارىخىي ئورۇن، يېڭى دەۋر كوردىناتىدىن چىقىش قىلىپ ئىلمىي تونۇشقا ۋە ئەتراپلىق ئىگىلەشكە توغرا كېلىدۇ.

تارىخنىڭ چاقى توختىماي ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە، دەۋر ئېقىنى توختىماي ئۆركەشلىمەكتە. بىر دۆلەت، بىر مىللەت گۈللىنىۋاتقان بولىدىكەن، جەزمەن تارىخنىڭ ئىلگىرىلىشىدىن ئىبارەت مەنتىقە ئىچىدە ئىلگىرىلىشى، دەۋرنىڭ تەرەققىياتىدىن ئىبارەت ئېقىندا تەرەققىي قىلىشى كېرەك. جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى دەۋرگە قەدەم قويۇشى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان دۆلىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئىشلىرىنىڭ ئىلگىرىلىگەنلىكىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى، دۆلىتىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق زىددىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى، شۇنداقلا پارتىيەمىزنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ پارلاق كەلگۈسىنى ئېچىشىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى.

(9) جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى دەۋرگە كىرىشى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە، دۇنيا سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىمۇ مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ، يېقىنقى زاماندىن بۇيان ئازاب ـ ئوقۇبەت تارتقان جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورنىدىن دەس تۇرۇش، بېيىشتىن قۇدرەت تېپىشقىچە بولغان ئۇلۇغ ھالقىشنى كۈتۈۋالغانلىقىدىن، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان پارلاق ئىستىقبالنى كۈتۈۋالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ، ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ 21 ـ ئەسىردىكى جۇڭگودا قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، دۇنيادا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولى، نەزەرىيەسى، تۈزۈمى، مەدەنىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ زامانىۋىلىشىش يولىنى كېڭەيتكەنلىكىدىن، دۇنيادىكى ھەم تەرەققىياتنى تېزلىتىشنى ئۈمىد قىلىۋاتقان، ھەم ئۆز مۇستەقىللىقىنى ساقلاشنى ئۈمىد قىلىۋاتقان ئاشۇ دۆلەت ۋە مىللەتلەرنى يېپيېڭى تاللاش بىلەن تەمىنلەپ، ئىنسانلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن جۇڭگو ئەقىل ـ پاراستى ۋە جۇڭگو لايىھەسىنى تەقدىم قىلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

### 2. يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى دەۋرى

(10) باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: «يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى دەۋرى، بەلكى قانداقتۇر باشقا يېڭى دەۋر ئەمەس». بۇ يېڭى دەۋر ھەم ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيانقى تەرەققىيات مۇساپىسى بىلەن تومۇرداش، ھەم دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەيدىغان نۇرغۇن يېڭى ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈردى، ئىچكى ماھىيەتلىك مەزمۇنى مول، ئەھمىيىتى چوڭقۇر.

بۇ يېڭى دەۋر، ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر باسىدىغان، كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان، يېڭى تارىخىي شارائىتتا جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى داۋاملىق قولغا كەلتۈرىدىغان يېڭى دەۋر. پارتىيەمىز خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاچتى، تەرەققىي قىلدۇردى، كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك كۆپلىگەن جۇڭگو مۆجىزىسىنى ياراتتى. يېڭى دەۋردە، پارتىيەمىزنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى بىرىنچى ۋەزىپىسى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي تېمىنى زىچ چۆرىدەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات يېڭى تەلىپىگە ئويغۇنلىشىپ، كۈچ ئۆلاپ ئىزدىنىپ، توختاۋسىز كۈرەش قىلىپ، جۇڭگودا سوتسىيالىزمنىڭ تېخىمۇ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.

بۇ يېڭى دەۋر، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان، بۇ ئارقىلىق ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىدىغان دەۋر. پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىدا ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئاساسىدا، ئىككى قەدەمگە بۆلۈپ مېڭىپ مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بارغاندا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىش ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يېڭى دەۋردە، ئېگىلمەس ـ سۇنماس غەيرەت، چىدامچانلىق بىلەن «بەشنى بىر گەۋدە قىلىش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، «تۆت ئومۇميۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ماس ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى تولۇق غەلىبىلىك ئاياغلاشتۇرۇشتا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش ھەم مۇشۇ ئاساستا ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى يېزىش كېرەك.

بۇ يېڭى دەۋر، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىدىغان، ئۈزلۈكسىز گۈزەل تۇرمۇش يارىتىدىغان، ئومۇمىي خەلقنىڭ ئورتاق بېيىشىنى قەدەممۇقەدەم ئىشقا ئاشۇرىدىغان دەۋر. خەلقنى يېتەكلەپ گۈزەل تۇرمۇش يارىتىش، ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش پارتىيەمىزنىڭ ئىرادىسىدىن قەتئىي قايتمايدىغان كۈرەش نىشانى. يېڭى دەۋردە، ھەر ۋاقىت ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، باشتىن ـ ئاخىر ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى ياخشى ئىشقا ئاشۇرۇش، ياخشى قوغداش، ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەم قىلىپ، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئىجتىمائىي ئادىللىق، ھەققانىيەتنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈپ، كۆچەپ ئومۇمىي خەلقنى تېخىمۇ بەختلىك، ئاسايىشلىق تۇرمۇشتىن بەھرىمەن قىلدۇرۇپ، كۆچەپ ئومۇمىي خەلقنى ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەريانىدا ھەقىقىي يېڭى ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتۈرۈش كېرەك.

بۇ يېڭى دەۋر، بارلىق جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرى بىر مەقسەتتە بولۇپ، تىرىشىپ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان دەۋر. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تارىخىي بۇرچى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت يېڭى ئۇلۇغ ئىنقىلاب مىللەتنىڭ گۈللىنىشىگە قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچ قوشتى. يېڭى دەۋردە، بارلىق جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ جۇڭگو ئارزۇسىنى بىر مەقسەتتە ئىشقا ئاشۇرىدىغان قۇدرەتلىك كۈچىنى توپلاپ، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، جاسارەتلىك ۋە ياراملىق بولۇپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىسەكلا، مىللەتنىڭ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت شانلىق مەنزىلگە چوقۇم يېتىپ بارالايمىز.

بۇ يېڭى دەۋر، دۆلىتىمىز كۈنسېرى دۇنيا سەھنىسىنىڭ مەركىزىگە يېقىنلىشىۋاتقان، ئۈزلۈكسىز ھالدا ئىنسانىيەت ئۈچۈن تېخىمۇ چوڭ تۆھپە قوشۇۋاتقان دەۋر. جۇڭگو خەلقى تارىختىن بۇيان ئۆزىنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرىنى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلىدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى باشتىن ـ ئاخىر ئىنسانىيەت ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى قىلدى. يېڭى دەۋردە، جۇڭگونىڭ دۇنيا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش يۈزبەردى، دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن ھەمتۈرتكە بولۇشى مىسلىسىز قويۇقلىشىپ، دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلاندى. جەزمەن دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ۋەزىيەتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، تىنچ تەرەققىي قىلىش يولىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

### 3. دۆلىتىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق زىددىيەت ئۆزگىرىشى پۈتۈن ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش

(11) باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە كىردى، دۆلىتىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق زىددىيەت خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجى بىلەن تەرەققىياتنىڭ تەڭپۇڭ بولماسلىقى، يېتەرلىك بولماسلىقى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە ئۆزگەردى.» بۇ مۇھىم، زور سىياسىي ھۆكۈم دۆلىتىمىز ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى، ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىدىكى ئاساسلىق مەسىلىنىڭ تۈپ كۆچەش نۇقتىسىنى كۆرسىتىپ بەردى، ماركسىزمنىڭ ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر توغرىسىدىكى تەلىماتىنى بېيىتتى، راۋاجلاندۇردى.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتى زىددىيەت ھەرىكىتىدە ئۈزلۈكسىز ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ، جەمئىيەتتىكى ئاساسلىق زىددىيەت تۈرلۈك ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى ۋە مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى بولۇپ، ئىجتىمائىي زىددىيەت ھەرىكىتىدە ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. ئاساسلىق زىددىيەتنىڭ پۈتۈن ۋەزىيەت خىزمىتىگە تۈرتكە بولۇشىنى چىڭ تۇتۇش دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ تەلىپى، شۇنداقلا پارتىيەمىزنىڭ ئىزچىل تەشەببۇسى ۋە چىڭ تۇرىدىغان ئۇسۇلى. پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشتا، جەزمەن دۆلىتىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق زىددىيەتنى توغرا تېپىشىمىز كېرەك.

دۆلىتىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق زىددىيەت توغرىسىدىكى ئاتالغۇغا قارىتا، 1956 ـ يىلىدىكى پارتىيەنىڭ 8 ـ قۇرۇلتىيىدا مۇنداق كۆرسىتىلگەن: «دۆلىتىمىز ئىچىدىكى ئاساسلىق زىددىيەت خەلقنىڭ ئىلغار سانائەت دۆلىتى قۇرۇشقا قويغان تەلىپى بىلەن قالاق يېزا ئىگىلىك دۆلىتىلىك رېئاللىق ئارىسىدىكى زىددىيەت بولۇپ قالدى، خەلقنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەتنىڭ تېز تەرەققىياتىغا بولغان ئېھتىياجى بىلەن نۆۋەتتىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەتنىڭ خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالماسلىقتەك ئەھۋالى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بولۇپ قالدى.» بۇ ھۆكۈم ئەينى ۋاقىتتىكى دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلەتتى. لېكىن كېيىن «سول»چىللىق خاتالىقى يۈزبېرىپ، پارتىيە 8 ـ قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان دۆلىتىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق زىددىيەت توغرىسىدىكى توغرا ھۆكۈمدىن چەتنەپ كەتتى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن، پارتىيەمىز تارىخىي تەجرىبىلەر ۋە دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالىنى ئىلمىي تەھلىل قىلىش ئاساسىدا، پارتىيە 8 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئاساسلىق زىددىيەت توغرىسىدىكى ئاتالغۇسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يىغىنچاقلاپ، دۆلىتىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق زىددىيەت «خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي مەدەنىيەت ئېھتىياجى بىلەن قالاق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت»، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. پارتىيەمىز بۇ ھۆكۈمگە ئاساسەن توغرا لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى تۈزۈپ ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىشىگە تۈرتكە بولدى.

(12) ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىلىشىغا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ چوڭقۇر تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، دۆلىتىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق زىددىيەتتە مۇھىم، زور ئۆزگىرىش بولدى. دۆلىتىمىز 1 مىليارد نەچچە يۈز مىليون كىشىنىڭ كىيىنىش ـ تويۇنۇش مەسىلىسىنى مۇقىم ھەل قىلىپ، ئومۇمىي جەھەتتىن ھاللىق سەۋىيەنى ئىشقا ئاشۇردى، ئۇزاققا قالماي ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىدۇ، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجى كۈنسېرى كېڭىيىپ، ماددىي مەدەنىيەت تۇرمۇشقا قارىتا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويۇپلا قالماي، يەنە دېموكراتىيە، قانۇن ئىدارە قىلىش، ئادىللىق، ھەققانىيەت، بىخەتەرلىك، مۇھىت قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەلىپىمۇ كۈنسېرى ئېشىپ باردى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۆلىتىمىز ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيەسى ئومۇمىي جەھەتتىن كۆرۈنەرلىك ئۆستى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى نۇرغۇن جەھەتلەردە دۇنيادا ئالدىنقى قاتارغا كىردى، تېخىمۇ گەۋدىلىك مەسىلە تەرەققىياتتىكى تەڭپۇڭ بولماسلىق، يېتەرلىك بولماسلىقتۇر. تەرەققىياتنىڭ تەڭپۇڭ بولماسلىقى، ئاساسلىقى ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى ساھەلەر، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ تەرەققىياتىنىڭ يېتەرلىك، تەڭپۇڭ بولماي، «بىر پۇت ئۇزۇن، بىر پۇت قىسقا» بولۇشتەك تەڭپۇڭسىز ھادىسىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ ئومۇمىي تەرەققىيات سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشىنى چەكلەپ قويىدۇ. تەرەققىياتنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى ئاساسلىقى بەزى رايونلار، بەزى ساھەلەر، بەزى تەرەپلەردە يەنە تەرەققىيات يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسىنىڭ ساقلىنىپ، تەرەققىياتتىكى ۋەزىپىلەرنىڭ يەنىلا ئىنتايىن ئېغىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. تەرەققىياتنىڭ تەڭپۇڭ بولماسلىق، يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسى خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى چەكلەۋاتقان ئاساسلىق ئامىلغا ئايلاندى. تەرەققىيات ھەرىكەتچان جەريان، تەڭپۇڭ بولماسلىق، يېتەرلىك بولماسلىق مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، تەڭپۇڭسىزلىق نىسپىي بولىدۇ، لېكىن تەرەققىيات مەلۇم باسقۇچقا بارغاندىن كېيىن تەڭپۇڭ بولماسلىق، يېتەرلىك بولماسلىق جەمئىيەتتىكى ئاساسلىق زىددىيەتنىڭ ئاساسلىق تەرىپىگە ئايلانغاندا، ئۇنى بىلىش، ئۇنى ھەل قىلىشقا جەزمەن كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك، ئۇنداق بولمايدىكەن، تەرەققىياتنىڭ پۈتۈن ۋەزىيىتىنى چەكلەپ قويىدۇ.

(ئاخىرى 7 ـ بەتتە)

---

(بېشى 5 ـ بەتتە)

(5) شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ماركسىزمغا بولغان قەتئىي ئېتىقادقا تولغان، سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزمغا بولغان قەتئىي ئېتىقادقا تولغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ھازىرقى زامان جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ سىياسىي خىسلىتى، قىممەت ئىنتىلىشى، مەنىۋى سالاپىتى نامايان قىلىندى.

خەلقنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش، مىللەتنى گۈللەندۈرۈش، دۇنيانىڭ بۈيۈك بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش —— شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر چۈشىنىش ۋە ئومۇميۈزلۈك ئىگىلەشتىكى ئالتۇن ئاچقۇچ. بۇ ئىدىيە جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ خەلقنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش ئەسلىي مەقسىتىدە چىڭ تۇرغان، خەلقنىڭ سۇبيېكتلىق ئورنىدا چىڭ تۇرغان، ھەممە خەلق ئۈچۈن، ھەممىدە خەلققە تايىنىشتا چىڭ تۇرغان بولۇپ، خەلقنىڭ تارىخنىڭ ياراتقۇچىسى ئىكەنلىكى، خەلقنىڭ ھەقىقىي قەھرىمان ئىكەنلىكىدەك دىيالېكتىك تارىخىي قاراش نامايان قىلىنغان، خەلقنى مەركەز قىلىش، خەلقنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇشتەك قىممەت يۈزلىنىشى نامايان قىلىنغان، ئومۇم ئۈچۈن پارتىيە قۇرۇش، خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتەك ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىدىيەسى نامايان قىلىنغان. بۇ ئىدىيەگە جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ مىللەتنى گۈللەندۈرۈش بۇرچى يۈكلەنگەن، مىللەتنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇلۇغۋار پىلانى سىزىلغان، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ ئىجادىيەت روھى، ئۇلۇغ كۈرەش روھى، ئۇلۇغ ئىتتىپاقلىق روھى، ئۇلۇغ ئارزۇ روھى جەۋلان قىلدۇرۇلغان، جۇڭخۇانىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىنغان ۋە ئۇ ئەۋج ئالدۇرۇلغان بولۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچ بىلەن تەمىنلىگەن. بۇ ئىدىيە جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ دۇنيانىڭ بۈيۈك بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئالغان، ئىنسانىيەت تەرەققىياتىدىكى مۇھىم، زور مەسىلىلەرگە بولغان دانا تەپەككۇر ۋە ئۆزگىچە ئىجادىي قاراشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، دەۋر ئۆزگىرىشى كۆزىتىلىپ، دەۋرنىڭ تومۇر سوقۇشى تۇتۇلغان، دەۋر ئېقىمى يېتەكلەنگەن بولۇپ، يەر شارىۋى ئورتاق خىرىس، ئورتاق مەسىلىلەرگە تاقابىل تۇرۇشنى جۇڭگو ئەقىل ـ پاراستى ۋە جۇڭگو لايىھەسى بىلەن تەمىنلىگەن، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش، ئىنسانلارنىڭ ئورتاق مەنپەئىتى ۋە ئورتاق قىممىتىنى قوغداشقا مۇھىم تۆھپە قوشۇلغان.

ئىدىيەدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش ماركسىزمنىڭ جانلىق روھى، شۇنداقلا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ جانلىق روھى. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يېڭى ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىدە يىلتىز تارتىپ، نەزەرىيە يېتەكچىلىكى بىلەن ئەمەلىيەت ئۈستىدە ئىزدىنىشنىڭ ئۆز ئارا بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇلغان، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، ئەمەلىيەتكە تۈرتكە بولۇش جەريانىدا قۇدرەتلىك ھەقىقەت كۈچى ۋە ئۆزگىچە ئىدىيە سېھرىي كۈچى نامايان قىلىنغان. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلغان ئوچۇق نەزەرىيە بولۇپ، يېڭى دەۋردىكى ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئىنقىلاب ۋە ئۇلۇغ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىش تارىخىي يۈرۈشىدە، مۇقەررەر ھالدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىنىڭ چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ سىجىل تەرەققىي قىلىدۇ، ئۈزلۈكسىز بېيىيدۇ، تېخىمۇ مۇكەممەللىشىدۇ.

(6) ھازىرقى زامان جۇڭگودا، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرغانلىق ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرغانلىق ماركسىزمدا ھەقىقىي چىڭ تۇرغانلىق ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرغانلىق، ئىلمىي سوتسىيالىزمدا ھەقىقىي چىڭ تۇرغانلىق ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرغانلىق. جەزمەن ماركسىزم، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشتە تەۋرەنمەسلىك، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىدا چىڭ تۇرۇشتا تەۋرەنمەسلىك كېرەك!

**(«خەلق گېزىتى»نىڭ 2019 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈندىكى سانىغا بېسىلغان)**